# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 3 - ئاي
13
جۈمە
维吾尔文 3 月13日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24999 - سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى** 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەكلىپ بويىچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، باش كاتىپ ئەپەندى ماڭا خەت ئەۋەتىپ ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، جۇڭگو تەرەپنىڭ قوللانغان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىگە ئىجابىي باھا بەردى ھەم كۆپ قېتىم ئاشكارا سۆز قىلىپ جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى تىرىشچانلىقىنى قوللىدى، جۇڭگولۇقلاردا «چىن مېھىر - مۇھەببەت ئېغىر كۈنلەردە بىلىنىدۇ» دەيدىغان گەپ بار، مەن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتقان، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى تېز ئەسلىگە كېلىۋاتقان ھالەت شەكىللەندى. كېيىنكى قەدەمدە، بىز باشتىن - ئاخىر ئېھتىياتچان بولۇپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىمىز، داۋاملىق چىڭ، پۇختا، ئىنچىكە تۇتىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى ئۇقتۇرۇش بېسىپ تارقاتتى

## 29 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قانات يايدۇرۇلدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى** 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئۇقتۇرۇش» دېيىلدى)نى بېسىپ تارقاتتى، 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 29 تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، بىر قىسىم ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر)لەر ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش بېكىتىلدى.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنداق كۆرسىتىلدى: تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىكى مەقسەت باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، پىكىر - تەكلىپلەرنى چوڭقۇر ئاڭلاپ، يەرلىكنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا يولۇققان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ياردەم بېرىپ، تىپىك تەجرىبە، ئۇسۇللارنى يەكۈنلەپ، كېڭەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايون پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سىن يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خۇبېي ۋۇخەندە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى

## پەيتنى قولدىن بەرمەي، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تاماملاش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

### چېن چۈەنگو سۆز قىلدى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئاپتونوم رايون پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سىن يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خۇبېي ئۆلكىسىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، بىرىنچى سەپتە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان تېببىي خىزمەتچىلەر، ئازادلىق ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرى، مەھەللە خىزمەتچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، تۆۋەنگە چۈشكەن كادىرلار، پىدائىيلار ۋە ئاھالىلەر، ئاممىنى يوقلاپ ھال سورىغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا تەۋرەنمەسلىك، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا تەۋرەنمەسلىك، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاشتا تەۋرەنمەسلىكنى يەنىمۇ ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىندا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن يىغىندا قاتناشتى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك نورمال ئىزىغا چۈشۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، قەتئىي تۈردە يۇقۇم پەيدا قىلغان زىياننى تولۇقلىۋېلىش، يۇقۇم دەخلى قىلغان ۋاقىتنى قايتۇرۇۋېلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. يۇقۇم ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ توغرا تەھلىل قىلىپ، ئىگىلەپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، پۈتۈن يىللىق نىشاننى چىڭ كۆزلەپ، ۋەزىپىلەرنى ئىنچىكىلەپ ئايرىپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشتا تەۋرەنمەسلىك، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا تەۋرەنمەسلىك، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خۇبېينى تەكشۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئاممىنى زور ئىلھاملاندۇردى ——

## نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى قەتئىي تاماملايمىز

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خۇبېي ۋۇخەنگە بېرىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئاممىنى زور ئىلھاملاندۇردى. كۆپچىلىك بەس - بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، بىخۇدلۇق قىلماي، جەڭدىن بىزار بولماي، بوشىشىپ قالماي، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى ياخشى مۇستەھكەملەيمىز. مەركەزنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، ئاممىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى قەتئىي تاماملايمىز.

**يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىلىپ، غەيرىتىمىزگە ئىلھام بەردى**

ماناس ناھىيەسى گۇاڭدۇڭدى يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ شۇگاڭ مۇنداق دېدى: «ئاساسىي قاتلام كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە ئالدىغا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، چىن ھېسسىياتىم، چىن قەلبىم، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ھەربىر تۈرلۈك خىزمەتنى، ھەربىر ھالقىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تۇتۇپ، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ئىلتىماس - تەلىپىگە قۇلاق سالىمەن».

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەش جېڭىدە مەسئۇلىيەتنى چىڭىتايلى

—— ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 9 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ **گېزىتىمىز ئوبزورچىسى**

ئېغىر نامرات رايونلاردىكى ئاممىنى قەرەللىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 9 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى ھەربىر كىشىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدىغان، قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇل بولىدىغان، ھەممە ئادەم ھەرىكەتكە كېلىدىغان، ئەسكىرىي كۈچ مەركەزلىشىدىغان، پۈتۈن جەمئىيەت بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىدىغان ئومۇمىي ھۇجۇم ھالىتى ۋە قويۇق كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا قانچە ئەڭ ئاخىرىغا بارغانسېرى پارتىيە رەھبەرلىكىنى شۇنچە كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتكەن ۋە ياخشىلىغاندىلا، پارتىيەنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتىكى رەھبەرلىك يادرولۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش كۈچلىرىنى زىچ ئۇيۇشتۇرغىلى بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «قوش گۇرۇپپا باشلىقى تۈزۈمى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى؛ ئېغىر نامرات رايونلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلىرى ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى، بۇرچىغا يۈز كېلەلەيدىغان بولۇشى، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشى؛ ھەر دەرىجىلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى باش بولۇپ ئومۇمىي جەھەتتىن تۇتۇشى، ماكرولۇق يېتەكچىلىك قىلىشى، ئۇنىۋېرسال ماسلاشتۇرۇشى؛

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش - ترانسپورتىدا تىجارەت ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لۇ فېڭباۋ، ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۆمۈريول، خەلق ئاۋىياتسىيەسى، تاشيول قاتنىشىدا تىجارەت ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىپ، كىشىلەر راۋان يۈرىدىغان، ئاپتوموبىللار راۋان قاتنايدىغان، ماللار راۋان توشۇلىدىغان مەنزىرە قايتىدىن نامايان بولدى.

«ياخشىمۇسىز، بەدەن تېمپېراتۇرىڭىزنى ئۆلچەپ باقاي» دېدى تۆمۈريول ئۈرۈمچى ۋوگزالىنىڭ خىزمەتچىسى 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋوگزالغا كىرگەن يولۇچىلارغا. پويىز كۈتۈش زالىدا، خىزمەتچى خادىملار دېزىنفېكسىيە قىلىش ھەم ھاۋا ئالماشتۇرۇش، تازىلاش قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن ئالدىراش ئىدى.

3 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن باشلاپ، شىنجاڭ تۆمۈريولىدا شىنجاڭ ئىچى يولۇچىلار پويىزىنىڭ قاتنىشى كەڭ كۆلەمدە

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 - يىللىق ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمىدە ئوقۇش باشلاش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىش سىن يىغىنى ئېچىلدى

## مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ نۇقسانسىز بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون 2020 - يىللىق ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمىدە ئوقۇش باشلاش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىش سىن يىغىنى ئاچتى. يىغىندا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدىن 3000 - قېتىملىق جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يولغا چىقتى



3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، كىران مالنى قاچىلىماقتا. شۇ كۈنى X9091 - قېتىملىق جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدىن يولغا چىقىپ، ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتكە قاراپ ماڭدى، بۇ، بۇ يىغىلىش مەركىزى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيان قاتنىغان 3000 - قېتىملىق جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چېن مېيخۇا فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سائەت 12دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، كۈندىلىك تۈرلۈك ماللار، كىچىك ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ۋە كىيىم - كېچەك قاتارلىق ماللار لىق بېسىلغان نۆۋەتچى پويىز جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدىن يولغا چىقىپ، ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتكە قاراپ ماڭدى. بۇ، بۇ يىغىلىش مەركىزى 2016 - يىلى 5 - ئايدا قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيان قاتنىغان 3000 - قېتىملىق جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى.

«جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ نۆۋەتتە مال مەنبەسى يېتەرلىك، بىز مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي قاچىلاش - توشۇشنى تەشكىللەۋاتىمىز.» جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى قارمىقىدىكى شىنجاڭ چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى نەن جۈن مۇنداق دېدى:

(ئاخىرى 3 - بەتتە)